# رامزان سەبر ئییسمۆر



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

ئوسمان ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە تولىمۇ ئەخلاقلىق، ياخشى بىر بالا بولۇپ يېتىشىپتۇ. ئۇ روزا تۇتۇشقا بەكمۇ ھەۋەس قىلىدىكەن. ئۇ 10 ياشقا كىرىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. ئۇ كۈتكەن كۈن يېتىپ كەلگەندە، بۇ يىل رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشقا بەل باغلاپتۇ.



ئوسمان روزا تۇتۇپ روزىنىڭ كاتتا ساۋابىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. رامىزاننىڭ تۇنجى كۈنى تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرلىكتە سوھۇرلۇق يەپتۇ ۋە بامدات نامىزى ئوقۇغاندىن كېيىن ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇخلاپتۇ.



ئوسمان ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى هېس قىپتۇ، ئۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا، بىر ئىستاكان سۇ ئىچىشكە ئادەتلەنگەنىكەن، ئۇ ئانىسىنى ئىزدەپ ئاشخانىغا كىرىپتۇ.



ئۇ ئانىسىغا: «ئانا، مەن بەك ئۇسساپ كەتتىم، بىر ئىستاكان سوغۇق سۇ ئىچكۈم بار» دەپتۇ. ئانىسى: «ئوغلۇم، ئۇسساپ كەتتىڭمۇ؟ بىز روزا تۇتقان ئىكەنمىز، بىر كۈن كەچكىچە يېمەي-ئىچمەي سەبىر قىلىشىمىز كېرەك، سەن قۇرئان ئوقۇش، كىتاب ئوقۇش ۋە كۆڭۈللۈك ئويۇنلارنى ئويناشقا ئوخشاش ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغىن، شۇندىلا ئۇسسۇزلۇقنى ئۇنتۇيسەن» دەپتۇ.



ئوسمان ئىنىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقى زادىلا بېسىقماپتۇ ۋە سۇ ئىچمەكچى بولۇپ ئىنىسىنىڭ ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ئىنىسى ئاشخانىدىن چىقىپ كەتكەن ھامان ئاشخانىغا كىرىپ توڭلاتقۇنى ئېچىپتۇ ۋە بىر ئىستاكان سوغۇق سۇنى ئېلىپ ئىچمەكچى بوپتۇ.



تويۇقسىز ئانىسى كىرىپ قاپتۇ ۋە «ئوغلۇم، نېمىش قىلىۋاتىسەن؟» دەپتۇ. ئوسمان: «ھېچنېمە، ئانا» دەپتۇ. ئانىسى: «ئوغلۇم، سۇ ئىچكۈڭ بارمۇ؟ گۈزەل نىيەت بىلەن تۇتقان روزىمىزنى بۇنچىلىك ئىشقا سەبىر قىلالماي بۇزۇۋەتسەك، توغرا بولمايدۇ» دەپتۇ. ئوسمان: «ئانا، مەن بەك ئۇسساپ كەتتىم، زادىلا چىدىيالمىدىم» دەپتۇ.



ئانىسى: «ئوغلۇم، بىر كۈنلۈك ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا سەبىر قىلىشىمىز كېرەك، قارىغىنا! ئەتراپىمىزدا ھەركۈنى ئاچلىق ۋە يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر بار، بىز شۇلارنى ئەسلىشىمىز كېرەك» دەپتۇ. ئوسمان ئانىسىنىڭ سۆزلىرىگە قايىل بوپتۇ ۋە سەبىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى روزىغا كۆندۈرۈشنى نىيەت قىپتۇ. ئۇ ۋاقىتلىق ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ تەمىنى تېتىش ئارقىلىق ئەتراپىدىكى كەمبەغەل ۋە موھتاج كىشىلەرنىڭ نەقەدەر قىيىن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىپتۇ. ئۇ ئاخىرى ناھايىتى خۇشال ھالدا بىر ئاي روزىسىنى تولۇق تاماملاپتۇ.

